# بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگوچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەرەققىيات يولىنى ئېچىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى قانۇن ـ نىزام، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە قوغداش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ، قوغداش سالمىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، دۆلىتىمىز بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى كىرگۈزىدىغان چوڭ دۆلەتتىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى يارىتىدىغان چوڭ دۆلەتكە ئۆزگەرمەكتە، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى سان قوغلىشىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرمەكتە. بىز جەزمەن دۆلەت ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكىدىن ۋە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش تەلىپىدىن چىقىش قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. بىرىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ قانۇنچىللىقىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى پۈتۈن زەنجىرلىك قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئالتىنچى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىگە ئالاقىدار ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى 12 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى يولداش رۇەن فۇجۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋيېتنام خەلقىنى يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، ۋيېتنامنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مۇساپىسى باشلاندى. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، باش شۇجى يولداش رۇەن فۇجۇڭ باشچىلىقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋيېتنام پارتىيەسى ۋە دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ۋيېتنام ئىككى دۆلەت سوتسىيالىستىك دوستانە قوشنا دۆلەت بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە. مەن جۇڭگو ـ ۋيېتنام ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن، باش شۇجى يولداش رۇەن فۇجۇڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو بىلەن ۋيېتنامنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىش، رايون ۋە دۇنيانىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

سىزنىڭ يۈكسەك خىزمەت ئورنىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى

# يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى، ھەم ساھەلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى، پىكىر ئالماشتۇردى.

«دوكلات قالتىس، ئەمەلىي بوپتۇ، بىزنى تولىمۇ روھلاندۇردى، غەيرىتىمىزنى ھەسسىلەپ ئۇرغۇتتى!» مۇزاكىرە نەق مەيدان كەيپىياتى قىزغىن بولدى، ئەزالار بەس ـ بەستە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر يىلدىن بۇيانقى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى، پىكىر ئالماشتۇرۇشتا يېڭى بىر يىللىق خىزمەتلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئەزالار بىردەك مۇنداق قارىدى: دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى راستچىل، ئەمەلىيەتچىل، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. دوكلاتتا نەتىجىلەر ئومۇميۈزلۈك ئوبيېكتىپ يەكۈنلىنىپتۇ، يېڭى بىر يىلدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىدا نىشان ئېنىق، تەدبىرلەر كۈچلۈك بوپتۇ، بۇلار جەزمەن كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ.

«دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلغان، باش تېما روشەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، دەۋرچانلىققا، يېتەكچىلىككە ئىگە، مەن تامامەن قوشۇلىمەن.» ئەزا مېڭ چىڭسەي مۇنداق دېدى: بۇ يىل، مەن مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ كۆزلەپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، سىياسىي كېڭەش ئەزاسىلىق رولۇمنى ياخشى جارى قىلدۇرىمەن.

«دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ئەمەلىي بولۇپ، ھەربىر سۆز ـ جۈملىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى يادرولۇق مۇھىم مەزمۇن نامايان قىلىنىپتۇ.» ئەزا ياڭ خۇڭشىن مۇنداق دېدى: دوكلاتتا ھەققەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا ئۆتكەن بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش، كېڭىشىش دېموكراتىيەسى، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ، بولۇپمۇ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى نەتىجىلەر نامايان قىلىنىپتۇ، بۇ، كىشىنى چەكسىز روھلاندۇرىدۇ.

ئەزا جياڭ پېڭئەن مۇنداق دېدى: دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 17 مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى كادىرلار قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، بىر نىيەتتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىپ، 308 مىليون يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. بۇ، سىياسىي كېڭەشنىڭ «يادرو»لۇق كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: «يېڭى بىر يىلدا مەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەمنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، ئىسلاھاتىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل ۋە كۈچۈمنى تەقدىم قىلىمەن».

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا پائال ئاتلىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇش... ھەربىر ئەزا بۇ يىللىق دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدىن دوكلاتتىن ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقانلىق سىماسىنى تاپالايدۇ.» ئەزا لۇ جىڭيى مۇنداق بىلدۈردى: ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن.

«تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ يارقىن نۇقتىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نامايان بولدى، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولۇندى، بۇ بىزنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى، تولىمۇ روھلاندۇردى.» ئەزا ئابلەت مەخسۇت بىر يىلدىن بۇيان تەكلىپ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنى ئالقىشلىدى.

ئەزا ماجىي مۇنداق دېدى: يېڭى بىر يىلدا قابا ناھىيەسىنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چىڭ كۆزلەيمىز، بولۇپمۇ قىشلىق ساياھەت بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، سالمىقى بار تېخىمۇ كۆپ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى «ساياھەت تامىقى» ئارقىلىق بېيىش يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

«بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، ‹14 ـ بەش يىل› باشلانغان يىل. ئىتتىپاقلىق غەلىبىنىڭ ئەڭگۈشتەرى، بىز ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.» دېدى ئەزا راخمانجان داۋۇت.

**(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى ياڭ، چاۋ جىن، مېھرىگۈل غوپۇر، پەرىزات ئابدۇل، سۇي يۈنيەن، ۋاڭ يۈجاۋ، لياڭ لىخۇا يازغان)**

# چوڭ قەدەم بىلەن يېڭى مۇساپىنى باشلاش

## —— ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن خاتىرە

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لياڭ لىخۇا، لى ياڭ**

قايناق ھېسسىيات قىش كۈنلىرىنى ئىللىتتى، كاتتا يىغىن مۇھىم تاپشۇرۇقنى ئۈستىگە ئالدى. 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەركىزىي شەھەرگە جەم بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان تاپشۇرۇقى ۋە سەممىي ئۈمىدىنى ئېلىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىردى.

يىغىن باشلىنىشىغا تۇرۇپلا، نۇرغۇن ئەزا بالدۇرلا يىغىن مەيدانىغا كېلىپ بولدى، كۆپچىلىك ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى، تەسىراتى ئۈستىدە توختالدى، تەرەققىيات توغرىسىدا پىكىرلەشتى. قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەزالار قىزغىن مۇزاكىرە قىلىدىغان تېما بولدى.

«14 ـ بەش يىل» باشلانغان، يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە مۇجەسسەملەپ، ھەققىي تۈردە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى ئەمىن قىلىشنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. قىزغىن ئالقىش ساداسى كۆپ قېتىم ياڭرىدى، بۇ ئالقىش ساداسى ئورتاق سادا، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىشەنچ بولۇپ، ئەزالارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدۇ.

ئۆتكەن بىر يىلنى ئەسلىسەك، سەپىرىمىز جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان بولسىمۇ، كۆرەش نەتىجىلىرىمىز كۆرۈنەرلىك بولدى. «ئۆتكەن بىر يىل ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ قەتئىي غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، بۇ بىزنى يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقنىڭ يوقلۇقىغا تېخىمۇ قەتئىي ئىشەندۈردى!» ئەزا دىلى گۇيفېڭ مۇنداق دېدى: ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى، كۆپچىلىك مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، قول تۇتۇشۇپ، بىر نىيەتتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى.

ئەزا مەرھابا ھوشۇر بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى، قالتىس جايلىرىنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز قىزغىن چاۋاك چالدى. ئۇ ئۆتكەن بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ سالمىقى بار «جاۋاب قەغىزى» تاپشۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ئورۇنلار ۋە مەخسۇس كومىتېتلار 767 پارچە تەكلىپ تاپشۇردى، قاراپ چىقىش ئارقىلىق 668 پارچە تەكلىپ ئەنگە ئېلىندى، «يۈزتۇرا كېڭىشىش نىسبىتى» «بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى» «رازى بولۇش نىسبىتى» بىردەك 100% بولدى. تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەزالار تېخىمۇ روھلاندى.

«100%نىڭ كەينىدە 100% ئەستايىدىللىق بار، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئورنۇم، رولۇم بارلىقىنى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سەھنىدە تېگىشلىك قىممىتىمنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.» ئەزا سۈن يۈخۇا مۇنداق دېدى: بۇ يىل داۋاملىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ سالمىقى بار تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىش. «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ھەم كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى.

«مەن بۇ قېتىم ئۆستەڭ-سۇ دۈس كەسپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئېلىپ كەلدىم، خاس ئەۋزەل كەسپلەرنى زورايتىش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئەزا مېھراي ئابدۇقادىر.

يىغىن مەيدانىدىن چىققاندا مەزمۇت قەدەملەر تاشلاندى. كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە، ئەزالار شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى قوشىدۇ.